ئاپتونوم رايون پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتى

# تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايوندا ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنى قوزغاشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

**مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، كوللېكتىپ دەرس تەييارلاپ، تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش تايانچىلىرىنى تەربىيەلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي يىغىن روھى توغرىسىدا تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى ھەم مەخسۇس تېمىدا يېتەكچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «قارار»نى زىچ چۆرىدەپ، تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈشنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى تەشكىللەپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇش، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ «تۆت ئاڭ»نى تېخىمۇ كۈچەيتىشى، «تۆت ئىشەنچ»نى تېخىمۇ چىڭىتىشى، «ئىككىنى قوغداش»نى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنى قوزغاشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش يۆنىلىشى ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپ، ئەتراپلىق ئىگىلەپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل، پۇختا ئىشلەش كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئومۇمىي تەلەپ ۋە ئومۇمىي نىشانىنى، ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار مۇھىم نەزەرىيەۋى قاراش ۋە مۇھىم، زور ئىسلاھات تەدبىرلىرى قاتارلىقلارنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئەينەن ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئارگىنالىنى ئىرىشىپ تەييارلاش كېرەك. توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسەتنى قاتتىق ئىگىلەپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر، ئېنىق سۆزلەپ، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، چوڭقۇر، مەزمۇنلۇق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كادىرلار بىلەن ئامما چۈشىنەلەيدىغان، ئاڭلىيالايدىغان، ئاڭلاشنى خالايدىغان، ياخشى ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان قىلىش كېرەك. جايلار ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، تەشۋىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتتە ياخشى ئىشلەپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك.

# شەرقىي جۇڭغار رايونىنىڭ كۆمۈرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى بىۋاسىتە تەمىنلەش ـ بىۋاسىتە سېتىش خىزمىتى 3 ـ قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى

**مۇخبىرىمىز يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، شەرقىي جۇڭغار رايونىنىڭ كۆمۈرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى بىۋاسىتە تەمىنلەش ـ بىۋاسىتە سېتىش خىزمىتى 3 ـ قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

بۇ يىل 9 ـ ئايدىن كىرگەندىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا خەلق تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان كاللەك كۆمۈر بىلەن بىۋاسىتە تەمىنلەش ـ بىۋاسىتە سېتىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، كاللەك كۆمۈرنى يۆتكەپ توشۇش زاپىسى يېتەرلىك بولدى، باھاسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن زور نىسبەتتە تۆۋەنلەپ، باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە، شېنخۇا شىنجاڭ ئېنېرگىيە شىركىتى، تيەنچى ئېنېرگىيە شىركىتى تۆمۈريولدا جەمئىي 202 پويىز، 627 مىڭ توننا كاللەك كۆمۈرنى يۆتكەپ توشۇدى، ھەرقايسى بىۋاسىتە سېتىش پونكىتى ـ نۇقتىلىرىدىكى زاپاس كۆمۈر 57 مىڭ 300 توننا بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتىدە ھەر توننا كۆمۈرنىڭ تېرمىنال باھاسى ئايرىم ـ ئايرىم ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 145 يۈەن، 240 يۈەن، 123 يۈەن تۆۋەنلەپ، باھانىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى 35% ـ 22% ئارىلىقىدا بولدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەققىي ئەمەلىي تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى، ياخشى ئىشنى ياخشى قىلىشى كېرەك؛ تۆمۈريول، تاشيولنىڭ توشۇش ئىقتىدارى كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا توشۇلىدىغان كاللەك كۆمۈرگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، بىۋاسىتە سېتىش پونكىتى ـ نۇقتىلىرىدىكى كۆمۈرنىڭ زاپاس مىقدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك؛ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۆمۈرنىڭ تېرمىنال سېتىلىش باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كۆمۈر بازىرىنىڭ نورمال تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇشى، ساقلىشى كېرەك؛ تۈرلۈك بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىلىرىدىن ساقلىنىشى كېرەك؛ يېزا ـ كەنتلەردىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈرگە دائىر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ھەققىي جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان كاللەك كۆمۈر باھاسىنىڭ داۋاملىق تەكشى، مۇقىم، تەمىنلىنىشىنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىنى ساقلاپ، كەڭ ئاممىنىڭ قىشتىن ئىسسىق ئۆتۈشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

# 11 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو شىنجاڭ تاۋار كۆرگەزمىسى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلدى

**مۇخبىرىمىز جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو شىنجاڭ تاۋار كۆرگەزمىسى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىم كۆرگەزمىگە قاتناشقان 30دىن ئارتۇق شىنجاڭ كارخانىسى ماشىنا ـ ئېلېكتىر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، كىيىم ـ كېچەك، يېمەكلىك، يېڭى ئېنېرگىيە ۋە ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق ساھەلەرنى قاپلىغان بولۇپ، جەمئىي تەخمىنەن 80 مىليون دوللاردىن ئارتۇق كېلىشىم ئىمزالىدى.

«جۇڭگو شىنجاڭ تاۋار كۆرگەزمىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزبېكىستان ـ جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىق نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى.» ئۆزبېكىستان دۆلەت سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئەدھەم ئىلھاموۋىچ مۇنداق بىلدۈردى: ئۆزبېكىستان كارخانىلىرى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ، جۇڭگو شىنجاڭ تاۋار كۆرگەزمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزبېكىستان ـ جۇڭگو ئىككى تەرەپنىڭ سودا سەۋىيەسىنى ئۆستۈردۇ.

«بۇ نۆۋەتلىك جۇڭگو شىنجاڭ تاۋار كۆرگەزمىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشى مۇقەررەر جۇڭگو ـ ئۆزبېكىستان كارخانىلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ ساھەدە چوڭقۇر ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرتكە بولىدۇ.» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ مۇنداق دېدى: جۇڭگو ـ ئۆزبېكىستان ئىككى تەرەپ كارخانىچىلىرىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد ـ سودا، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۇختىلاشقا ئورتاق تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى ئۆمەرجان قۇربان مۇنداق تونۇشتۇردى: جۇڭگو شىنجاڭ تاۋار كۆرگەزمىسى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنتتە 11 نۆۋەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۆزبېكىستان تەرەپنىڭ ئۇنىۋېرسال تۈردىكى سۈپەتلىك ماركىلىق سودا كۆرگەزمىسىگە ئايلاندى.

كۆرگەزمە ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو كارخانىچىلىرى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرى، نەمەنگان ئوبلاستىدىكى ئاساسلىق بازار ۋە سانائەت باغچە رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم جۇڭگو شىنجاڭ ـ ئۆزبېكىستان نەمەنگان كارخانىلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبارسىز قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى

**گېزىتىمىز خەۋىرى** ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبارسىز قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشتىكى باشلامچىلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 18 تارماق، ئورۇن بىلەن بىللە مەخسۇس تۈزەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئامما غەم قىلىدىغان ئىشلار، باش قاتۇرىدىغان ئىشلار، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلارنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئاشكارا تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈزەش نەتىجىسىگە ئاممىنىڭ باھا بېرىشى ئۈچۈن، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مائارىپ نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى، سۇچىلىق نازارىتى، سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى، داۋالاش، كاپالەتلەندۈرۈش ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىللە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبارسىز قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى. بۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىچە:

1. دىققەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش ۋە غەلىبە قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر نۇقتىلىق ھەل قىلىندى. تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش چۆرىدىلىپ، 209 مىڭ ئائىلىنىڭ يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى پۈتۈن كۈچ بىلەن يولغا قويۇلدى، 9355 ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىنىڭ خەتەرلىك ئۆيىنى ئۆزگەرتىش ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاندى؛ 3 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 13 سۇ يەتكۈزۈلمىگەن كەنت قاتارلىق يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى تۆر قۇرۇلۇشىدىن 116سىنى تاماملاش ئالغا سىلجىتىلىپ، 261 مىڭ 500 نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدىكى ئېغىر نامرات نوپۇس تولۇقلىما داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسى، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، ئېغىر نامرات نوپۇسنىڭ تولۇقلىما داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى «بىر تالون شەكلى»دە راسچوت قىلىش يولغا قويۇلۇپ، 1 مىليون 627 مىڭ 500 نامرات ئامما بىۋاسىتە مەنپەئەتلەندى.

2. ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ۋە سىياسەت جەھەتتە مايىللىشىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ئاجىز بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر نۇقتىلىق ھەل قىلىندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەسى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلاردىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەسى ئاجىز بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، جەمئىي 5 مىليارد 133 مىليون يۈەن ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇش مەبلىغى سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيە، شەھەرگە 2 مىليارد 337 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 45 ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، 1594 مەجبۇرىيەت مائارىپىدىكى مەكتەپ، 27 يەسلى، 87 ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇندى؛ سىياسەت ـ تەلەپ قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تۈزۈم ـ تەدبىرلەر مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق، تاماق ئۆلچىمى تولۇقلىمىسى، ياتاقتا ياتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش تولۇقلىمىسىنىڭ تولۇق سوممىدا ئەمەلىيلىشىپ تارقىتىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، جەمئىي 1 مىليارد 148 مىليون يۈەن ئوقۇغۇچىلار ئوزۇقلۇقىنى ياخشىلاش مەبلىغى ئاجرىتىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا 1 مىليون 435 مىڭ 400 ئادەم قېتىم نەپ يەتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى دۆلەت سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 33 ناھىيە، شەھەرگە 1 مىليارد 39 مىليون يۈەن ئاجرىتىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا 1 مىليون 298 مىڭ 900 ئادەم قېتىم نەپ يەتكۈزۈلدى.

3. داۋالاش، سەھىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش چۆرىدىلىپ، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش ئىقتىسادىي يۈكى بىرقەدەر ئېغىر بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇندى. بەش يېزا ـ بازار شىپاخانىسى، 437 كەنت دەرىجىلىك داۋالاش ئۆيىنى ئۆلچەملىك قۇرۇش تاماملىنىپ، ئىككى يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىدا لاياقەتلىك دوختۇر بولماسلىق، 1668 كەنت داۋالاش ئۆيىدە لاياقەتلىك كەنت دوختۇرى بولماسلىق مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ قايتا ئىشلىنىش توسالغۇغا ئۇچراش خاراكتېرلىك قان ئازلىق كېسىلى، قاناشقا مايىللىق كېسىلى، لىمفا ئۆسمىسى قاتارلىق ئون خىل قوزغىلىش نىسبىتى يۇقىرى بالىلار قان كېسىلى ۋە يامان سۈپەتلىك ئۆسمە كېسىلى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 23 مەركەزلىك قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئاپپاراتى ۋە 18 ئەمەلىي گەۋدە ئۆسمىگە دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسى بېكىتىلىپ، يىلدا 700دىن ئارتۇق ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بالىغا نەپ يەتكۈزۈلدى؛ باشقا جايدا داۋالىنىشتا راسچوت قىلىش داۋالاش ئاپپاراتلىرى سانى كۆپەيتىلىپ، باشقا جايدا داۋالىنىشتا بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتىدىن 1305 ئېچىلىپ، باشقا جايدىكى دوختۇرخانىدا ياتقان 59 مىڭ 600 ئادەم قېتىم راسچوت قىلىپ، راسچوت خىراجىتى 1 مىليارد 218 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاممىنىڭ باشقا جايدا داۋالىنىپ راسچوت قىلىشى تەس بولۇش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى.

4. يېزا تۆۋەن كاپالەتتى بويىچە مەخسۇس تۈزەش چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، نامرات ياشانغانلار، مېيىپلەر، بالىلار قاتارلىق ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ «تۆۋەن كاپالەتتىن ئېلىۋېتىش» «تۆۋەن كاپالەتتىن چۈشۈرۈپ قويۇش» مەسىلىسى نۇقتىلىق ھەل قىلىندى. يېزا تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك تەشكىللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر ئىچىدىكى ئېغىر كېسەل، ئېغىر دەرىجىدە مېيىپ ئوبيېكتلاردىن 190 مىڭ 33 كىشى يەككە ئائىلە بويىچە تۆۋەن كاپالەتكە كىرگۈزۈلدى، نامرات ياشانغانلار، مېيىپلەر، بالىلار قاتارلىق ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 142 مىڭ 900 ئائىلىدىكى 281 مىڭ 500 كىشى يېڭىدىن تۆۋەن كاپالەتكە كىرگۈزۈلدى، شەھەر ـ يېزا تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرى ئارىسىدىكى «تۆت تۈرلۈك خادىم»لار نىسبىتى ئەسلىدىكى 44%تىن 70%كە ئۆستۈرۈلدى.